يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرى كۈزنىڭ «ئۈچ ئىشى» بىلەن ئالدىراشلىققا تولدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز رايىدە، گې يۈەجۈن
ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋاڭ جيەنچياڭ، جياۋ زۇچىڭ

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، كۇچا شەھىرى ياقا بازىرى چىڭگۇاڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەمەت گالى ئائىلىسىنىڭ چىلگە قونىقى ئېتىزىدا، قوناق شېخى يىغىش كومباينى ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، ئورۇپ، يانچىپ، ئاپتوموبىلغا قاچىلىۋاتاتتى... ھازىر، دەل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۈزلۈك پەرۋىش، كۈزلۈك تېرىلغۇ، كۈزلۈك يىغىم مەزگىلى بولۇپ، ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىدا ئالدىراش مەنزىرە بارلىققا كەلگەندى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، شايار ناھىيەسى دېھمىن تېرىقچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپىدا تېخنىكلار كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە يەر سۇغىرىۋاتاتتى، بۇ، كېۋەز پەرۋىشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر باسقۇچلۇق سۇغىرىش خىزمىتى ئىدى. تېخنىكلار خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن سۇنى نىسبەت بويىچە ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، تېمىتىپ سۇغىرىش سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ كېۋەزلىككە يەتكۈزدى، بۇ، قولاي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل.

«كېۋەزنىڭ ئۈچىدىكى غوزىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېۋەزنىڭ كېيىنكى مەزگىللىك ئۆسۈشىنى يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ھازىر بىر نۆۋەت سۇغاردۇق، ھەر مو يەرگە تەخمىنەن تۆت كىلوگىرامدىن بەش كىلوگىرامغىچە ئوغۇت ئىشلىتىمىز، كېيىن يەنە ئىككى نۆۋەت سۇغىرىمىز» دېدى شايار ناھىيەسى دېھمىن تېرىقچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ تېخنىكى چېڭ گۇڭ.

پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلار كېۋەزلىك پەرۋىشى خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، يوپۇرماق چۈشۈرۈش دورىسى، ئېچىلىشنى تېزلىتىش دورىسىنى زاپاس ساقلاش ۋە پاختا يىغىش ماشىنىسىنى رايون ھالقىپ مەشغۇلات قىلىشقا تەشكىللەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق يىغىشتىن بۇرۇنقى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ياخشى ئىشلىمەكتە.

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى لاۋلۇڭخې تېرىقچىلىق بازىسىدا، سانجى شەھىرى نۇڭجىشىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كەسىپ مەسئۇلى گو دۇڭ شەندۇڭدىكى بىر كارخانا ئەۋەتكەن بىر تونىنغا يېقىن كېۋەز يوپۇرمىقى چۈشۈرۈش دورىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. «ھازىر كېۋەزلىك پەرۋىشى يوپۇرماق چۈشۈرۈش دورىسى پۈركۈشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىغا كىردى، بىز مۇناسىپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا يوپۇرماق چۈشۈرۈش دورىسى پۈركۈش مەشغۇلاتىنىڭ تولۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى پاختا يىغىشقا ياخشى ئاساس سالىمىز» دېدى گو دۇڭ.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر قىسىم قوناقلارنى ئورۇش باشلاندى، بەزىلىرى تېخى ساقال چىقىرىپ دان تۇتۇش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئېگىز، سوغۇق، سالقىن رايونلار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىڭىزغا تېرىلغان قوناقلار كانايسىمان يىپىلىپ ئۆسۈش مەزگىلىدىن ئاتلىقى ئايرىلىشقىچە بولغان مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆسۈشى ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ساۋەن ناھىيەسى ئۈلان ئۇس بازىرى توپۇلى كەنتىدىكى قوناق تېرىقچىلىقى ئائىلىسى بولغان شۇ بياۋ ئائىلىسى قوناقلىرىنى يىغىۋېلىشقا باشلىدى. شۇ بياۋ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل 100 نەچچە مو يەرگە قوناق تېرىدىم، مو بېشى ھوسۇلى 1.3 توننا ئەتراپىغا يېتىدۇ، بىر مو يەردىن 800 ـ 700 يۈەن ساپ كىرىم قىلغىلى بولىدۇ».

بۇ يىل ساۋەن ناھىيەسىدە 310 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرگە قوناق تېرىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 41 مىڭ مو ئەتراپىدىكى سىلوس قونىقىنى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئورۇپ بولۇش مۆلچەرلەندى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ تىكەنلىك بازىرىدىكى سىلوس قونىقى ئېتىزىدا كومباينلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، قاتار ـ قاتار قوناقلار تەكشى يىقىلىپ، يانجىلغاندىن كېيىن ئاپتوموبىلغا قاچىلىنىپ ساقلاش كۆلچىكىگە توشۇلۇپ ئېچىتىلىپ، چارۋىلارنىڭ قىشلىق يەم ـ خەشەكى ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ يىل بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئەتىياز پەسىللىك سىلوس قونىقى تېرىلغۇ كۆلىمى 347 مىڭ 800 موغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 202 مىڭ 300 مو ئاشتى.



8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، كۇچا شەھىرىنىڭ ياقا بازىرى چىڭگۇاڭ كەنتىدە دېھقانلار سىلوس كومباينىنى ھەيدەپ قوناق شېخىنى ئورۇۋاتاتتى. كۇچا شەھىرىدە تېرىلغان 405 مىڭ مو سىلوس قونىقى ئارقا ـ ئارقىدىن پىشتى، دېھقانلار دېھقانچىلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ يىغىۋېلىپ، بۇ يىل قىشتا چارۋىلارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈشكە ياخشى تەييارلىق قىلدى. □ نىياز راخمان فوتوسى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سۇغۇرتىسى سىياستى چىقىرىلىپ

# ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۆلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سىياستى، سۇغۇرتا مۇلازىمىتى سىياستى قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا رەنىسىز، كېپىلسىز، 80 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن، مۇددىتى ئالتە ئاي ئىچىدە بولغان ئاز سومملىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى بانكىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى قەرز پۇل بازار باھاسى ئۆسۈم نىسبىتى (LPR) بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ، ھۆكۈمەت مالىيەسىدىن 50% ئۆسۈم ياردىمى بېرىلىدۇ. بۇ سىياسەت 2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە ئۇزارتىلىدۇ، ئالاقىدار قەرز پۇل ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل دىرى ۋە ئۆسۈمىنى ۋاقىتلىق كېچىكتۈرۈپ قايتۇرۇش ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا بېرىلىدىغان ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئومۇمىي مىقدارىنى ئاشۇرۇش سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ھەرقايسى بانكىچىلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش، تۇنجى قېتىم قەرز پۇل بېرىش، دىرىنى قايتۇرماي داۋاملىق قەرز بېرىش نىسبىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى ھەم ئاشۇردى، خەۋپ ـ خەتەرنى كونترول قىلغىلى بولۇش ئالدىنقى شەرتىدە، تۇنجى قېتىم قەرز پۇل ئالغان مۇئامىلىدارلار سانىنىڭ، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا داۋاملىق قەرز پۇل بېرىش نىسبىتىنىڭ بۇلتۇرقىدىن يۇقىرى بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى، يېڭىدىن تارقىتىلغان ئىناۋەتلىك قەرز پۇلنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تىپىدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى يىل بېشىدىكى ئېشىش سۈرئىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا، قەرز قالدۇقى بار مۇئامىلىدارلار سانىنىڭ يىل بېشىدىكى سەۋىيەدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بەش چوڭ سودا بانكىسىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تىپىدىكى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا بېرىدىغان قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 40%تىن يۇقىرى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەخسۇس گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى جاڭ رۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرىدىكەن، بانكىچىلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئوبوروتچانلىقى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا يولۇققان ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار (يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)غا قەرز پۇل بېرىشتە قەرەلىنى ئۇزارتىش، داۋاملىق قەرز بېرىش قاتارلىق شەكىللەردە كارخانىلارغا بەلگىلىك مۇددەتتىكى دىرى بىلەن ئۆسۈمنى قايتۇرۇش ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى قىلىدىكەن.

«يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە كىرىم مەنبەسىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ قالغان شەخس ياكى كارخانىلارغا قارىتا، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تەڭشەلگەندىن كېيىنكى قەرز قايتۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىناۋەت خاتىرىسىنى يوللىسا بولىدۇ، قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن ئالاقىدار قەرز پۇلنىڭ قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەنلىك خاتىرىسى قالدۇرۇلمايدۇ» دېدى جاڭ رۇڭ.

سۇغۇرتا مۇلازىمىتى سىياستىنى كۈچەيتىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىنى سۇغۇرتا تۆلىمى يېشىل يولى ئېچىپ، تۆلەم تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە زىيانغا ئۇچراپ سۇغۇرتا تۆلىمى كۆرۈلگەن يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تۆلەم بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە تولۇق تۆلەم بېرىش، تېز تۆلەم بېرىشكە رىغبەتلەندۈردى؛ يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر سۇغۇرتىلاتقان بارلىق تىجارەت خاراكتېرلىك ئاپتوموبىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۇغۇرتا كەسپىگە قارىتا، يۇقۇم مەزگىلىدىكى توختىتىلغان ۋاقتى بويىچە سۇغۇرتا مۇددىتىنى ئۇزارتىش سىياستىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى؛ يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر يۇقۇم مەزگىلىدە سۇغۇرتىغا قاتناشسا، سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ئېتىبار سىياستىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 17 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلار ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار جەمئىي 900دىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 17 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئالتە يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 719، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار 200 بولۇپ، جەمئىي 919.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لىي ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: ھازىرغا قەدەر، بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇمدا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 900دىن ئاشتى، دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز كۈرەش قىلىشى بىلەن، بارغانسېرى كۆپ ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، بۇ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە زور ئۈمىد بېغىشلاپلا قالماي، يەنە دوختۇرخانىدىكى ئاغرىقلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى، نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاكتىپ روھىي ھالەت بىلەن داۋالاشقا ماسلىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنى يەنىمۇ بىرىكتۈرۈپ توپلاپ، «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»گە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاغرىقلارنى پائال داۋالاپ ۋە سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقى قىلدۇرۇپ، داۋالاش تېخنىكىمىز ۋە مېھرىبانلىقىمىز ئارقىلىق كېسەل ئاۋاستىسىنى چېكىندۈرىمىز.

# پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يازلىق تېرىلغۇ ۋەزىپىسى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆسۈشى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى بولۇۋاتىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە كېسەللىك، ھاشارات زىيىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئوتتۇراھال، يېنىكرەك يۈز بېرىپ، كۈزلۈك ئاشلىقتىن مۇقىم ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس سېلىندى.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، شۇ جايغا ماس كېلىدىغان ئادەم ئىشلىتىش، ئىشچى ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش خىزمىتى لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئېتىزغا بېرىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنى «ئاشلىق» «كۆك ـ تاق» بىلەن تەمىنلەش ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە قىشلىق زاپاس كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن ئېشىپ كەتتى، ئىڭىزغا تېرىلغان قىشلىق زاپاس كۆكتات كۆلىمى 787 مىڭ موغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 137 مىڭ مو ئېشىپ، ئىڭىزغا تېرىش پىلانلانغان قىشلىق زاپاس كۆكتات كۆلىمىنىڭ 95.7% نى ئىگىلىدى، ئاساسلىقى بەسەي، سەۋزە، ياڭيۇ قاتارلىق ئون نەچچە خىل تۈر بار. بۇنىڭ ئىچىدە، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىڭىزغا تېرىلغان كۆكتات 496 مىڭ 300 مو بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن 130 مىڭ مو كۆپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئېشىش نىسبىتى 35%كە يەتتى. ھازىر، ھەرقايسى جايلار ئۆز يېرى، ئۆز رايونىنىڭ كىلىمات شارائىتى ۋە كۆكتات كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۈزلۈك، قىشلىق كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۈز، قىش پەسىللىك ئاساسلىق كۆكتات مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنىڭ تولۇق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلماقتا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)